ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي  بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# تىيانشاننى ئۆيى دەپ بىلىش  قويلارنى ھەمراھ قىلىش

## —— شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى جۇ يۈەنيۈ توغرىسىدا

يېنىمىزدىكى ئۆلگىلەر

□ مۇخبىرىمىز جاۋ شيا

يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسىنىڭ پروفېسسورى جۇ يۈەنيۈ پۈتكۈل ھاياتى ۋە يۈرەك قېنىنى شىنجاڭنىڭ بىپايان زېمىنىغا سەرپ قىلىپ، ئوقۇتۇشتا تەلەپچان ۋە ئېھتىياتچان بولۇپ، قېتىرقىنىپ ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، شىنجاڭنىڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي پەن تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى.

### ■ ئىلمىي ماقالىنى بىپايان زېمىنغا يېزىش

«پارتىيەنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن چاغدىكى ئۈچ ئارزۇيۇمنىڭ ھەممىسىگە شىنجاڭ دەپ تولدۇردۇم.» 8 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، شىنجاڭغا كېلىشتىكى دەسلەپكى ئىستەكى ئۈستىدە توختالغاندا، 91 ياشلىق جۇ يۈەنيۈنىڭ گەپ - سۆزلىرى جانلىق ۋە كۈچلۈك بولدى.

1952 - يىلى، جۇ يۈەنيۈ غەربىي شىمال دېھقانچىلىق - ئورمانچىلىق پەن - تېخنىكا داشۆسىنىڭ چارۋىچىلىق كەسپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، يۈك ئاپتوموبىلىغا ئولتۇرۇپ 20 نەچچە كۈندە ئۈرۈمچىگە يېتىپ كېلىپ، شىنجاڭ «1 - ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى(ھازىرقى شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك داشۆسى) ھايۋانات ئىلمى فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولدى.

چارۋىچىلىققا بولغان قىزغىن مۇھەببىتى بىلەن، جۇ يۈەنيۈ چارۋىچىلىق رايونىنى 2 - دەرسخانا قىلدى. 1955 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە جۇ يۈەنيۈ بېيجىڭدا ئېچىلغان ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆپەيتىپ يېتىشتۈرۈش كۇرسىغا قاتناشتى، ئوقۇش پۈتكۈزۈش ئىلمىي ماقالىسىنى تەييارلاش ئۈچۈن، ئۇ شىنجاڭ كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىغا بېرىپ، شۇ تۇرغىنىچە يېرىم يىل تۇردى. جۇ يۈەنيۈ كۈندۈزى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىشىپ، دېھقان - چارۋىچىلار ۋە تېخنىك خادىملاردىن كەمتەرلىك بىلەن تەلىم ئالدى، كېچىلىرى پانار چىراغ ئاستىدا خاتىرىسىنى رەتلەپ، ماتېرىياللارنى تەھلىل قىلىپ، تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىدى. بۇ يېرىم يىل جۇ يۈەنيۈ ئۈچۈن ئېيتقاندا قىممەتلىك ھەم ئۇنتۇلغۇسىز بولدى: ئۇ شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ تۆل ئېلىش، قوزىلارنى ئەيي قىلىش، مال بېقىش، دورىدا ۋاننىلاش، تويقا ئايرىش قاتارلىق تېخنىكىلىق ماھارەت ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى ئىگىلىدى ھەم نەسىل يېتىشتۈرۈشتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى بايقىدى. تەتقىقاتنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئەلا سۈپەتلىك شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش جۇ يۈەنيۈنىڭ كۈرەش نىشانى بولدى.

### ■ نەچچە ئون يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ يېڭى نەسىل يېتىشتۈرۈش

1954 - يىلى شىنجاڭ كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسى ئەسلىدىكى شالغۇت ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى ئاساسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ تۇنجى ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي نەسلى — شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىپ، دۆلىتىمىزنىڭ قوي نەسلىنى ياخشىلىشنى نەسىللىك قوي بىلەن تەمىنلىدى.

شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، جۇ يۈەنيۈ پەن - تېخنىكا خادىملىرى بىلەن بىللە، نەسىللىك قوي فېرمىسىدىكى پادىسىنى تۈرگە ئايرىدى ھەم تەدرىجىي ھالدا 7000 تۇياقتىن ئارتۇق نەسىللىك قوچقار ۋە ئاساسىي ساغلىقنىڭ ئايرىم كارتىسىنى تۇرغۇزدى، «ھەربىر كارتىنىڭ ھەممىسىدە يۈك ئۇزۇنلۇقى، يۈك زىچلىقى، يۈك قاتتىقلىق دەرىجىسى قاتارلىق ئون نەچچە تۈرلۈك كۆرسەتكۈچ بار ئىدى، دېمەك، ھەربىر تۇياق قويغا ‹ئارخىپ› تۇرغۇزۇلغانىدى».

ئىنچىكىلىك بىلەن ئايرىم تاللاپ نەسىللەندۈرۈش ئارقىلىق، كېيىنكى بىرقانچە يىلدا، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ تۈرلۈك كۆرسەتكۈچلىرىدە ئەۋلادمۇئەۋلاد ئۆرلەش بولدى، لېكىن ئەسلىدىكى نەسلىنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، نەسىل ياخشىلاش بوغما ھالەتكە دۇچ كەلدى.

«ياخشى نەسىللىك قوي بولسىلا، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى يېتىشتۈرۈشتە ئاندىن ئۈمىد بولىدۇ.» ئەينى چاغدا، دۇنيا مىقياسىدىكى ئەڭ داڭلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي ئاۋستىرالىيەدە ئىدى. 1972 - يىلى دۆلىتىمىز ئاۋستىرالىيەدىن بىر تۈركۈم ئاۋستىرالىيە مېرىنوس قوچقىرىنى كىرگۈزۈپ تەتقىق قىلدى، شىنجاڭغا ئالتە تۇياق تەقسىم قىلىندى، بۇ، جۇ يۈەنيۈنى بەكلا ھاياجانلاندۇردى، ئۇ ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى «ياخشى نەسىللىك ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي يېتىشتۈرۈش»تىن ئىبارەت بۇ مۇھىم، زور تېمىغا ھۇجۇم باشلىدى.

نەسىللىك قوي يېتىشتۈرۈش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، جۇ يۈەنيۈ ۋە خىزمەتداشلىرى يەرلىكتىكى سۈپىتى ئەڭ ياخشى قوي ۋە ئاۋستىرالىيە قويىنى تاللاپ كۆپەيتتى. ھەر كۈنى قايتا - قايتا چېتىشتۈرۈپ نەسىللەندۈرۈش سىنىقى قىلدى، جۇ يۈەنيۈ شۇ ئىشلىگەنچە 13 يىل ئىشلىدى. باشقىلارنىڭ نەزەرىدە بۇ خىزمەت زېرىكىشلىك بولسىمۇ، ئەمما جۇ يۈەنيۈ بۇنىڭدىن خۇشاللىق تاپتى. قايتا - قايتا سىناق قىلىش ئارقىلىق، سەككىز يىلدىن كېيىن 4 - ئەۋلاد جۇڭگو مېرىنوس قويى ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۈرۈلۈپ، خەلقئارا ئىلغار سەۋىيەگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا، پەقەت شىنجاڭ كۈنەس نەسىللىك قوي فېرمىسىلا نەسىللىك قويىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق 120 مىليون يۈەنلىك ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

### ■ پۈتۈن ئۆمرىنى شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي تەتقىقاتىغا بېغىشلاش

ئەمەلىيەت داۋامىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولدى، شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ تەرەققىياتىنى جۇ يۈەنيۈ ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى سالغان ئاساستىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

1979 - يىلى جۇ يۈەنيۈ ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپى يازغان تەخمىنەن 110 مىڭ خەتلىك «شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويى» دېگەن كىتاب نەشر قىلىنغاندىن كېيىن ناھايىتى تېزلا سېتىلىپ بولدى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ كەڭ چارۋىچىلىق رايونلىرىدىكى پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى، چارۋىچىلار بۇ كىتاب ئارقىلىق ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى بېقىش، باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنىڭ نەسلىنى ياخشىلاش قەدىمىنى تېزلەتتى.

قوي نەسلىنى ياخشىلاش نەزەرىيەسى ۋە ئەمەلىيىتى جەھەتتىكى تۆھپىسى گەۋدىلىك بولغاچقا، ئەسلىدىكى دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى، يېزا ئىگىلىك كومىتېتى جۇ يۈەنيۈغا «قوي نەسلىنى ياخشىلاش تېخنىكىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش» مۇكاپاتى بەردى.

ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى، مەملىكەتلىك 1 - ماي ئەمگەك مېدالىغا ئېرىشكۈچى بولۇپ باھالىنىش ... كۆپلىگەن شان - شەرەپلەر ئالدىدا، جۇ يۈەنيۈنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئاددىي ھەم سەمىمىي بولدى: «شىنجاڭ ئىنچىكە يۇڭلۇق قويىنى يېتىشتۈرۈش يولىدا، پەن - تېخنىكا خىزمەتچىلىرى ۋە چارۋىچىلار ناھايىتى كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتتى، بۇ، كوللېكتىپ كۈچىنىڭ جەۋھىرى».

1952 - يىلى شىنجاڭغا كەلگەن جۇ يۈەنيۈ بۇ تۇپراقتا 67 يىل خىزمەت قىلدى، تۇرمۇش كەچۈردى. تۈركۈم - تۈركۈم ياش تالانت ئىگىلىرى ئۇنىڭ تەربىيەلىشى، يېتەكلىشى بىلەن، چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدىكى تېخنىكا مۇتەخەسسىسلىرى، پەن باشلامچىلىرى بولۇپ يېتىلدى.

«شىنجاڭدا 67 يىل تۇرمۇش كەچۈردۈم، شىنجاڭدىكى تەرەققىيات، ئۆزگىرىشلەرنى كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، شىنجاڭ ماڭا نۇرغۇن قىممەتلىك مەنىۋى بايلىق بەردى، مەن شىنجاڭغا كەلگەنلىكىمدىن قىلچە ئۆكۈنمەيمەن» دېدى جۇ يۈەنيۈ.

شىنجاڭ ياخشى جاي

# تېخىمۇ قولايلىق، تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئازادە بولۇش

## —— شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يازلىق تەتىلدىكى توشۇشتا توشۇلغان يولۇچىلارنىڭ ئېشىش نىسبىتى مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقىنىڭ ئارقىسىدا

□ مۇخبىرىمىز لۇ فېڭباۋ، پراكتىكانت جيا فاڭ

ۋاقتى 62 كۈن بولغان تۆمۈريولدا يازلىق تەتىلدىكى توشۇش 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ئاخىرلاشتى، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا جەمئىي 10 مىليون 195 مىڭ ئادەم قېتىم يولۇچى توشۇلۇپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 1 مىليون 742 مىڭ ئادەم قېتىم ئېشىپ، 20.6% لىك ئېشىش نىسبىتى بىلەن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇردى.

ئېشىش نىسبىتىنىڭ بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشىنىڭ ئارقىسىدىكىسى شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ سىجىل ئالغا سىلجىتىلغانلىقى ۋە سەپەرگە چىقىش ئۈنۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈلگەنلىكى. بۇ يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يېڭى لىنىيە، يېڭى ۋوگزال، نۇقتىلارنى ئېچىش، توشۇش ئىقتىدارىنى كېڭەيتىش، تولۇقلاش، يۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتىش، «گۈللىنىش ناملىق» پويىزنىڭ قاتنىشىنى يولغا قويۇش ھەمدە ساياھەت مەخسۇس پويىزىنى كۆپەيتىش قاتارلىقلار ئارقىلىق، پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىشنى تېخىمۇ قولايلاشتۇردى، تېزلەتتى.

### ■ لىنىيەلەر كۆپەيتىپ ئېچىلىپ، قاپلىشى تېخىمۇ كېڭەيدى

«شىنجاڭ تۆمۈريولى جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭدىكى مۇھىم تۈگۈن شەھەرلەرنى قاپلاپلا قالماي، يەنە بىر قىسىم يىراق، چەت ناھىيە - شەھەرلەرنى، ھەتتا يېزا - بازارلارنى قاپلىدى، پويىز شىنجاڭدىكى ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىشىدىكى مۇھىم قاتناش قورالىغا ئايلاندى» دېدى جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى يولۇچى توشۇش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى مۇخبىرلارغا.

5 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىدا قاتناش تىجارىتى باشلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ مەركىزىي شەھىرىگە پويىز قاتنىماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى، پويىز ئاممىنىڭ ئۈرۈمچى بىلەن چۆچەك ئارىسىدا بېرىپ - كېلىشتە ئالدىن تاللايدىغان سەپەرگە چىقىش قورالىغا ئايلاندى.

7 - ئاينىڭ 30 - كۈنى قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىنىڭ دۆربىلجىن، تېبچاڭگۇ ۋوگزاللىرىدا يولۇچى توشۇش كەسپى يولغا قويۇلۇپ، مۇلازىمەت دائىرىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كېڭەيتىلدى. قاتناش باشلانغاندىن 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، قاراماي - چۆچەك تۆمۈريولىنىڭ يولۇچى توشۇش مىقدارى جەمئىي 391 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتتى.

7 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ئۈرۈمچىدىن شەرقىي جۇڭغارغىچە بولغان ئارىلىقتا يولۇچىلار پويىزى قاتناپ، شىنجاڭ شەرقىي جۇڭغار ئىقتىساد - تېخنىكا تەرەققىيات رايونىدىكى 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ھەم لىنىيە بويىدىكى ئاممىنىڭ تاشيولغىلا تايىنىپ بىرلا خىل قاتناش ئۇسۇلىدا سەپەرگە چىقىش تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى.

يېڭى لىنىيەنىڭ ئېچىلىشىنىڭ ئارقىسىدىكىسى شىنجاڭنىڭ تۆمۈريول ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ تېز تەرەققىي قىلغانلىقى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ تۆمۈريولىدا كۈنىگە 118.5 جۈپ يولۇچىلار پويىزى قاتنايدۇ(22.5 جۈپ ئوق پويىزنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)، شىنجاڭ ئىچىدە قاتنايدىغىنى 89.5 جۈپ، شىنجاڭدىن چىقىدىغان پويىز 29 جۈپكە كۆپەيتىلدى، يولۇچىلار پويىزىنىڭ قاتناش دائىرىسى شىزاڭ ئاپتونوم رايونى، خېيىنەن ئۆلكىسىدىن باشقا بارلىق ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، شەھەر ۋە پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاستلاردىكى كۆپ قىسىم ناھىيە، شەھەرلەرگىچە تۇتاشتۇرۇلدى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يولۇچى توشۇش ۋوگزالى، نۇقتىسى 54كە كۆپەيتىلىپ، تەسىر كۆرسىتىش ئۈنۈم ئېففېكتى تېخىمۇ زورايتىلدى.

### ■ سەپەر ۋاقتى قىسقىراپ، ئارىلىق يېقىنلىدى

«2014 - يىلى لەنجوۋ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولدا قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، مەن قومۇلغا بېرىشتا ئوق پويىزغىلا ئولتۇرىدىغان بولدۇم، ئىككى سائەت 30مىنۇتقا قالمايلا يېتىپ بارالايمەن» دېدى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى چۈشتىن كېيىن يولۇچى سۈن ئەيجيا ئۈرۈمچىدىن قومۇلغا بارىدىغان ئوق پويىزغا چىقىشتىن بۇرۇن.

مۇشۇ يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى پويىزنىڭ يۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتىشقا ئۈزلۈكسىز كۈچ سەرپ قىلدى. بۇ يىلىلا، يېڭى يولۇچىلار پويىزىنىڭ يۈرۈش خەرىتىسىنى ئون قېتىم تەڭشەپ، ئىجرا قىلىپ، 77.5 جۈپ پويىزنى كۆپەيتتى، 125 جۈپ پويىزنىڭ يۈرۈش ۋاقتىنى قىسقارتتى، 60 جۈپ يولۇچىلار پويىزىنىڭ يۈرۈش رايون بۆلىكى ۋە توختاش ۋوگزالىنى ئەلالاشتۇردى، تەڭشىدى. بولۇپمۇ 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى خەرىتە تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدىن قومۇلغا بارىدىغان ئوق پويىزلارنىڭ يۈرۈش ۋاقتى 30 مىنۇت قىسقاردى.

8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، دەل يازلىق توشۇش مەزگىلىدە، شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى تۇنجى قېتىملىق «يېشىل گىگانت ئادەم» پويىز ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن يولغا چىقىپ كورلىغا يۈرۈپ كەتتى، شىنجاڭ تۆمۈريولى شۇنىڭدىن باشلاپ «گۈللىنىش ناملىق» پويىز دەۋرىگە قەدەم قويدى.

سۈرئەتنىڭ سىجىل تېزلىتىلىشى بىلەن، تېخىمۇ كۆپ كىشى پويىزغا ئولتۇرۇپ سەپەرگە چىقىشنى تاللايدىغان بولدى. 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە، «گۈللىنىش ناملىق» پويىز جەمئىي 117 قېتىم قاتناپ، 100 مىڭ ئادەم قېتىمغا يېقىن يولۇچى توشۇدى.

«گۈللىنىش ناملىق» پويىزنىڭ قاتنىشىغا ئەگىشىپ شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ يولۇچى توشۇشىغا يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇلدى، شىنجاڭ ئىچىدە «ئىناقلىق ناملىق» ئوق پويىز، «گۈللىنىش ناملىق» سائەتلىك سۈرئىتى 160 كىلومېتىرلىق ئوق پويىز، بىۋاستە يېتىپ بارىدىغان ئالاھىدە تېز پويىز، ئالاھىدە تېز پويىز، تېز سۈرئەتلىك پويىز، شەھەرلەر ئارا قاتنايدىغان پويىز، ئادەتتىكى تېز پويىز قاتارلىقلارنى رامكا قىلغان «ئاممىۋى قاتناشلاشتۇرۇلغان» زىچ قاتناش سىستېمىسى ئورنىتىلىپ، سەپەر ۋاقتى ئۈزلۈكسىز قىسقارتىلىش بىلەن بىللە، يولۇچىلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان قاتلامدىكى پويىزغا ئولتۇرۇش ئېھتىياجى قاندۇرۇلدى.

### ■ پويىز ساياھىتى مودىغا ئايلاندى

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 18دىن 45 مىنۇت ئۆتكەندە، Y36 - قېتىملىق «شىنجاڭ - لياۋنىڭ قەلبداش  لياۋنىڭدىن جاھانغا نەزەر» تۇنجى ساياھەت مەخسۇس پويىزى ئۈرۈمچى ۋوگزالىدىن يولغا چىقتى، 517 ساياھەتچى چۆچەك، قاراماي، ئۈرۈمچىدىن ئىبارەت ئۈچ جايدىن پويىزغا ئولتۇرۇپ، شەرقىي شىمالدىكى ئۈچ ئۆلكىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

«شىنجاڭ - لياۋنىڭ قەلبداش  لياۋنىڭدىن جاھانغا نەزەر» ساياھەت مەخسۇس پويىزى شىنجاڭ تۆمۈريولىدىكى چۆچەكتىن شەرقىي شىمال يۆنىلىشىگە قاراپ يولغا چىققان تۇنجى قېتىملىق ساياھەت مەخسۇس پويىزى بولۇپ، ئۈچ قېتىم قاتناش پىلانلاندى، نۆۋەتتە مەخسۇس پويىزنىڭ ئورۇن بېلىتى ئاساسەن سېتىلىپ بولدى.

ھازىر، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى لەنجوۋ - شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك تۆمۈريولىنى ئاساسىي غول، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ تۆمۈريولىنى ئىككى قانات قىلغان تۆمۈريول قاتنىشى تورىغا تايىنىپ، ئۈرۈمچىنى مەركەز قىلغان «ئاممىۋى قاتناشلاشتۇرۇلغان» تۆمۈريول قاتنىشى چەمبىرىكىنى بەرپا قىلدى. مۇشۇ ئاساستا، شىنجاڭ ساياھەت مەخسۇس پويىزى مەھسۇلاتلىرى ئۈزلۈكسىز بېيىتىلىپ، مۇلازىمىتىنىڭ سۈپىتى ئۆستۈرۈلۈپ دەرىجىسى ئاشۇرۇلۇپ، پويىزغا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىش مودىغا ئايلاندى.

يولغا قويۇلغان ھەم پىششىپ يېتىلگەن «شىمالىي شىنجاڭنى ئايلىنىش ساياھىتى» «جەنۇبىي شىنجاڭغا رىشتە باغلاش» «ئاجايىپ ئوت يۇرتى» قاتارلىق لىنىيەلەردىن باشقا، شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى يەنە ئۈرۈمچىدىن چۆچەككە قاتنايدىغان ساياھەت مەخسۇس پويىزى قاتنىشىنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ساياھەت لىنىيەلىرىنى كەڭ كۆلەمدە تۇتاشتۇردى، ساياھەتچىلەر بىر قېتىملىق سەپەردە جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭنى تولۇق ساياھەت قىلالايدىغان بولدى. ھازىر «پويىزغا ئولتۇرۇپ شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش» ساياھەت كۆرسۈلۈق ماركىسى مەخسۇس پويىزدىن 60ى قاتنىدى، يىل ئىچىدە 100ى قاتناش پىلانلاندى.

شىنجاڭ تۆمۈريول تارماقلىرى شىنجاڭ ئىچى ساياھەت مەخسۇس پويىزىنىڭ يۈرۈش لىنىيەسىنى كۆپەيتىش بىلەن بىللە، يەنە شىنجاڭغا كىرىدىغان تېخىمۇ كۆپ ساياھەت مەخسۇس پويىزىنىڭ قاتنىشىنى جەلپ قىلدى. نۆۋەتتە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن شىنجاڭغا كىرگەن 96 ساياھەت مەخسۇس پويىزىنى قوبۇل قىلدى، يازلىق تەتىلدىكى توشۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يەنە زور تۈركۈم ساياھەت مەخسۇس پويىزى ئارقا - ئارقىدىن شىنجاڭغا يېتىپ كېلىدۇ، پۈتۈن يىللىق قوبۇل قىلىش مىقدارىنىڭ 200دىن ئېشىشى مۆلچەرلەندى.

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى قەلبىمگە چىڭ پۈكۈپ، خىزمەتنى ياخشى ئىشلەيمەن

**□ مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيەلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مۇدىر ۋۇ يەنلىن**

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىللىق تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قايتىلاپ قارىساق، بىر جۇڭگولۇق بولۇش سۈپىتىم بىلەن چەكسىز ئىپتىخارلىنىمەن ۋە پەخىرلىنىمەن.

مەن 20 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرىدا تۇغۇلغان، كىچىك ۋاقتىمدا، ماددىي ئەشيا ناھايىتى قىس، تاماق مەسىلىسى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئىدى. تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئائىلەمدىكىلەر كۆپ قېتىم مېنى تاغامنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ قەھەتچىلىكتىن ئۆتكەن. مەن مەكتەپكە كىرگەندە مەكتەپنىڭ دەرسخانىلىرى يېتىشمەيتتى، ئەينى چاغدا ئىشلەپچىقىرىش دادۈيى كالا قوتىنىدىكى قىغنى قويۇۋېتىپ، ئىككى تەرىپىگە داڭگال قويۇپ، ئۈستىگە بەش - ئالتە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى تاختاينى قويۇپ پارتا قىلىپ بەرگەن؛ ئوقۇغۇچىلار لاي داڭگالنى ئورۇندۇق قىلغان؛ ئوقۇتقۇچىلارمۇ كەمچىل بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ۋاكالىتەن دەرس ئۆتەتتى. 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ باھار شامىلىغا چۆمۈلۈپ، مەن بىر كەسپىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتتۈم، يېپيېڭى ئوقۇتۇش بىناسىدا ياخشى ئالىي مائارىپنى قوبۇل قىلدىم. ئوقۇش پۈتكۈزگەندىن كېيىن، پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشىدە، مەن ئادەتتىكى كادىردىن ناھىيە دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلدىم.

70 يىلدىن بۇيان، بىزنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەمىز دۆلەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن تەڭ قەدەممۇقەدەم ئۆسۈپ، تۇرالغۇمىز كىسەك ئۆيلەردىن كەڭ، ئازادە، يورۇق بىنا ئۆيلەرگە ئۆزگەردى؛ قاتناش قورالىمىز ئەسلىدىكى ۋېلىسىپىت، ئېشەك ھارۋىسىدىن ھەممە كەنتلەرگە قاتنايدىغان ئاممىۋى ئاپتوبۇسقا تەرەققىي قىلدى، بەزى كىشىلەر ئائىلىسىگە يەنە كىچىك ئاپتوموبىل سېتىۋالدى؛ پاتقاق يوللار كەڭ، تەكشى ئاسفالت يوللارغا ئۆزگەردى؛ خەۋەرلىشىش تور دەۋرىگە قەدەم قويۇپ، بارمىقىمىزنى مىدىرلىتىپلا مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى كىشىلەر بىلەن سىنلىق سۆزلىشەلەيدىغان بولدۇق؛ مائارىپ، سەھىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بىز تىنچلىق يىللىرىدا تۇغۇلۇپ، قىزىل بايراق ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلىپ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئۈزلۈكسىز بەھرىلىنىۋاتىمىز. كومپارتىيە بولمىسا، يېڭى جۇڭگو بولمايتتى؛ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش بولمىسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى باياشات تۇرمۇشىمىز بولمايتتى. مەن پارتىيەنىڭ مېھىر - شەپقىتىنى قەلبىمگە چىڭ پۈكۈپ، پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىپ مېڭىشنى ئۆمۈرلۈك ئېتىقادىم قىلىپ، سادىقلىق بىلەن پارتىيە ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى مەجبۇرىيىتىم، دەپ بىلىمەن، جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيە ماڭا تاپشۇرغان بۇرچ. بىر دەۋر كىشىلىرىنىڭ شۇ دەۋر كىشىلىرىگە خاس مەسئۇلىيىتى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقى بولىدۇ، يېڭى دەۋردە تۈرلۈك يېڭى خىرىس، يېڭى بۇرچ ئالدىدا، مەن ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، تىرىشىپ پارتىيەنىڭ ياخشى كادىرى، خەلقنىڭ ياخشى چاكىرى بولىمەن.

مەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىدىيەدە، سىياسىيدا، ھەرىكەتتە يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىگە قاتتىق رىئايە قىلىپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئورۇنلاشتۇرمىسىنى كەم - كوتىسىز ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىمەن.